ئۇلۇغ غالىبىيەتكە - 50 يىل

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى -روىيۇڭ سامان بولماس

# يېڭى هايات

ЖАНА ӨМІР

1995 يىل 6 - ماي
شەنبە
№18
(3975)
ئەركىن باها

جۇمهۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.



سۈرەتتە: ئالمۇتا. 28-پانفىلوۋچىلار نامىدىكى ئىستىراھەت بېغىدىكى شوھرەت ئاللېيەسى.

**«سىز 1991-يىلى 1-دېكابىر پۈتكۈل خەلق سايلىغان قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ن. ئە. نازاربايېۋنىڭ ۋاكالىتىنىڭ قەرەلىنى 2000-يىلىنىڭ 1-دېكابىرغىچە ئۇزارتىشقا رازىمۇسىز؟» دېگەن سوئال بويىچە 1995-يىلىنىڭ 29-ئاپرېلىدا ئوتكۈزۈلگەن جۇمهۇرىيەتلىك رېفېرېندۇمدا ئاۋاز بېرىشنىڭ يەكۈنى توغرىلىق**

## خەۋەر

قازاقستان جۇمهۇرىيىتى رېفېرېندۇمىنىڭ مەركىزى كومىسسىيەسى رېفېرېندۇمنىڭ بارلىق 10.194 ئۇچاستكىسىدا ئاۋاز بېرىش جارىي قىلىنغانلىقىنى خەۋەرلەيدۇ.

رېفېرېندۇمغا قاتنىشىش ئۇچۇن تىزىمغا ئېلىنغان جۇمهۇرىيەتنىڭ 9.110.156 پۇخراسىنىڭ ئاۋاز بېرىشكە 8.309.637 ئادەم ياكى 91.21 پروتسېنتى قاتناشتى.

ئاۋاز بېرىشكە قاتناشقان پۇخرالارنىڭ 7.932.834 ى قازاقستان جۇمهۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ ۋاكالەتلىكى قەرەلىنى ئۇزارتىشنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى، بۇ 95.46 پروتسېنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

312،256 پۇخرا ياكى 3.76 پروتسېنت ئادەم قارشى ئاۋاز بەردى، 64647 بيۇللېتېن يارامسىز دەپ ھېسابلاندى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇمۇمىي سانىنىڭ 0.8 پروتسېنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قازاقستان خەلقى قازاقستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى **نۇرسۇلتان ئەبىشئوغلى نازاربايېۋنىڭ** ۋاكالەتلىك قەرەلىنى 2000-يىلىنىڭ 1-دېكابىرغا قەدەر ئۇزارتتى.

**قازاقستان جۇمهۇرىيىتى رېفېرېندۇمىنىڭ مەركىزىي كومىسسىيەسى.**

## پرېزىدېنت دولەت مۇكاپاتلىرىنى تاپشۇردى

3-ماي كۈنى ئالمۇتىدا، پرېزىدېنت سارىيىدا، بىر توپ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى ۋېتېرانلىرىغا ئالاھىدە ھورمەت بىلدۈرۈلدى. ئۇلار ئۇئۇگۈنكى سەپداش جەڭچىلەر، بۈگۈنكى ۋېتېرانلار، ئۇرۇش مەيدانىدا كورسەتكەن ئالاھىدە قەھرىمانلىقى، ئېچلىق ھاياتتىكى پىداكارانە ئەمگىكى ۋە ئۇلۇغ غالىبىيەتنىڭ ئەللىك يىللىق يۇبىلېيى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇمهۇرىيەت پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانى بويىچە دولەت مۇكاپاتلىرىغا سازەۋەر بولغان ئېدى. مانا ئەندى شۇ ۋۇقۇرى دولەت مۇكاپاتلىرىنى تاپشۇرۇش مەراسىمى بولۇپ ئوتتى.

پرېزىدېنت ن. نازاربايېۋ ۋېتېرانلارنى ئۇلۇغ غالىبىيەتنىڭ يېرىم ئەسىرلىك مەركىسى بىلەن تەبرىكلەپ، ئۇلارغا ئىللىق سوزىنى ئىزھار قىلدى.

پرېزىدېنت خەلق قەھرىمانى ۋۇقۇرى ئاتىغىغا ئېگە بولغان يازغۇچى قاسىم قايسېنوۋنىڭ، قاراغاندا ۋىلايىتى ئوسكاروۋ ناھىيەسىدىن پېنسونېر ئالېكسېي كارپوۋىچ كولاكوۋنىڭ، ئالمۇتا ۋىلايىتى ئۇيغۇر ناھىيەسىدىن پېنسونېر موردۇن تېيىپوۋنىڭ مەيدىسىگە ئوز قولى بىلەن ئالاھىدە بەلگۈ-ئالتۇن يۇلتۇزنى قادىدى-ماڭا بېرىلگەن بۇ ۋۇقۇرى مۇكاپاتنى بارلىق ئۇيغۇر خەلقىگە بىلدۈرۈلگەن ھورمەت دەپ بىلىمەن،-دېدى خەلق قەھرىمانى م. تېيىپوۋ پرېزىدېنتقا ئوز مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىپ.-بۇ ئالىي دەرىجىلىك مۇكاپات ئۇچۇن سىزگە، ھورمەتلىك پرېزىدېنت، ئۇيغۇر ناھىيەسى تۇرغۇنلىرى ناملىدىن چوڭ رەخمەت ئېيتىمەن، سىزنىڭ يۇرتىدىن كېيىنمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئادىل دولەت رەھبىرى بولىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

دولەت مۇكاپاتلىرىغا سازاۋەر بولغانلار ئارىسىدا ئۇرۇش ۋە ئەمگەك ۋېتېرانى سېيتىۋالدى باراتوۋمۇ بار. ئۇ «ئېرىن ئېڭبېگى ئۇشىن» مېدالى بىلەن تەغدىرلەندى.

-ئۇيغۇرۋە قازاق خەلقلىرى ئەزەلدىن بېرى بىر تۇققان قېرىنداشلاردەك ئىناق ياشاپ كېلىۋاتىدۇ،-دېدى س. باراتوۋ.-بۇ دوستلۇقنى ھېچ قانداق كۈچ بۇزالمايدۇ. ئەينە شۇ دوستلۇق يىپىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىۋاتقىنىڭىزنى بىز ياخشى بىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن سىزگە رەخمەت ئېيتىمىز.

خەلق قەھرىمانلىرى پرېزىدېنت بىلەن ئەسلەتمە ئۇچۇن سۈرەتكە چۈشتى.

خەلق قەھرىمانى م. تېيىپوۋ ھەققىدىكى ماتېرىيالنى گېزىتىمىزنىڭ 2-بېتىدىن ئوقۇيسىلەر.

**(ئوز مۇخبىرىمىز).**

**سۈرەتنى چۈشەرگەن ئۇ. قۇربانىيازوۋ.**

# شېئىرىيەت سەھىپىسى

ئا. دولەتوۋ

## تۈگىگەن ناخشا

ناخشا ئېيتتۇق بىز بەختلىك دەپ،
يەتمىش بەش يىل—
توختىماي بىر دەم.
پۈتمەيدىغان بىزدە شاتلىق دەپ،
مەڭگۈ كەتتى دېگەش قايغۇ—غەم.

ھەممە تەل—توكۆش، بار دەپ،
زاڭلىق قىلدۇق چۈككەننى ئۇيغا.
پەقەت بىزگە زور مەخسەت يار دەپ،
ئايلاندۇردۇق ئۇلۇمنى تويغا.

بىزنىڭ دېگەچ «بېپايان ۋەتەن»
ئۇنتۇپ قالدۇق بويۇك ئۇقۇمنى.
سويۇپ ۋۇردۇق ماڭلايغا چەككەن
چېچىپ ئوتسە كوزلەرگە قۇمنى.

قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالغاندۇق،
ئۇي تورىگە چىقىرىپ ياتنى.
ئامەت كەلدى دەپ دۇمباق چالدۇق،
تېگىشكەندە ئېشەككە ئاتنى.
ھېساپلىدۇق قوساق توقلىغى،

ئەۋزەللى شۇ ھەممىدىن كورە،
ئاخىر بولدۇق— بۇنىڭ يوق سىرى—
مالغا ئوخشاش ۋۇرگەن تىك، ئورە...

تىڭشايدىغان بولۇۋالدۇق، بەك،
ئايلاندۇرۇپ يالغاننى راستقا.
ھېچ نېمىگە كەلتۇرۇش يوق شەك،
ھايات باشقا، ئوزىمىز باشقا.

«ئېچىلىق كېرەك» شارىن توۋلاپ،
پۇتۇپ كەتتى ھەتتا قۇلاقلار.
ۋۇرىۋەردۇق ئېرىقنى كويلەپ،
سوۋۇغاندا جوشقۇن بۇلاقلار.

قېقىپ قويسا مۇرىگە بولدى،
كېرەك ئەمەس بۇلەك ھېچ نەرسە.
دىل ئېچىلىپ قاقاخلاپ كۈلدى،
قاچا ۋۇيۇپ ۋۇندىسىن بەرسە.

«دوستلۇق» سوزىن ئېيتتۇق قانچە مىڭ،
بىزلا ئاڭا قورغان— سېپىلدەك.
بېرىپ قويسا ئېغىل ئاچقۇچىن،
ئوزىمىزنى سېزىپ زور پىلدەك.

ئولتارغاندا بەزەن ئوز ئارا،
ھەزىم قىلدۇق ھەتتا كىت «ۋۇتۇپ».

ئارىمىزغا بىرلا يات كىرسە،
ئانا تىلنى قالىمىز «ئۇنتۇپ».

ئوچكەن ئوتنىڭ، كۈلنى سورۇپ،
ئولتارغانغا خوش بولۇپ كۈلدۇق.
باشقىسىنىڭ ئومىسىن ئورۇپ،
بەرسەك شۇڭا مەس بولۇپ ۋۇردۇق.

بېغىمىزغا قوزغۇن ئولاشسا،
قىياس قىلدۇق ئۇنى بۇلبۇلغا.
دېدۇق: جاھان كوز ئالدىمىزدا،
ئوخشىساقمۇ ئوزىمىز قارغا.

ئاھ، ئالداندۇق، ئالداندۇق قانچە،
ئۇچتى، ئوچتى ئالىي تىلەكلەر.
سېغىنىمىز ئوتمۇشنى يەنە،
قانغا تولۇپ تۇرسا ۋۇرەكلەر.

يەتمىش بەش يىل—
بىزنىڭ شورىمىز.
ھازىرمۇ ھەم تەن ئالغىمىز يوق.
«موشۇ ئاخىر ئامەت— بەختىمىز،—
دەپ كۈيىمىز،— بولسا قوساق توق».

يەتمىش بەش يىل—
قاپ—قاراڭغۇ تۈن.
بىلسەك ئەگەر بىزگە ئۇ شۇنداق.
شۇ «بېپايان ۋەتەن» قوينىدا،
ئەنتىرگەن ياقالماي چىراق.

ئاداشتۇرۇپ ئەقلىدىن، ئويىدىن،
قىلدى بىزنى مەردانە ئاخماق.
ئۇششاق تالاش، ئۇششاق ماجرادىن،
بۇ كۈندىمۇ قانتىن يايماق...

بىز—خەلقىمىز! دەيمىز،
ۋۇرىمىز.
ھازىرمۇ ھەم بولۇنۇپ تويقا.
ئوزىمىزدىن رەقىپ ياسايمىز،
ئوزىمىزنى تۇتۇمىز ئوققا...

مەيلى بولسۇن يول داغدام ۋە كەڭ،
شۇنى كورۇپ ۋۇرەك قاخشايدۇ.
مەرتلىك قىلىپ ئوزەڭنى ئوزەڭ،
تەن ئالمىغىڭ قىيىن ئوخشايدۇ.

تۇرۇپ دەيسەن: بايقىماي بىردىن،
ۋىقىلغاندەك مۇزدا تېيىلىپ،
يەتمىش بەش يىل كورگەن «بەختتىن»،
ۋۇرەمدىكىن تېخى باش قېيىپ...

خۇداغا مىڭ شۈكرى ئېيتايلى،
چۈشەنمىسەڭ، مەيلى زار قاخشاپ.
قۇرۇق ئەمگەك ئەتكۈزگەن بىزگە،
ۋەتەن ئەندى— تۈگىگەن ناخشا.

ئابدۇخالىق سەپىرىي(تۇرپانى)

## غـۇلـجـا

سېغىندىم ھوسنى—جامالىڭنى ئەزىز، جانان، غۇلجا،
ۋۇرسەممۇ سەندىن ۋىراق يادىمدا بىر جاھان، غۇلجا.
قويۇپ كوكسىگە قولنى پەرزەنت تۇرار ئالدىڭدا،
قوبۇل قىل سالامىمنى، قىلما رەڭگىم سامان، غۇلجا.
ئۇچاردىڭ بىزنى ئوزەڭ كامال تېپىش پەرۋازىغا،
ئاقلاش ئۇچۇن ئەجرىڭنى قەرىزدارمەن ھامان، غۇلجا.
ئويلىسام سېنى ھەر چاغ كوزلىرىمدىن قاچار ئۇيقۇ،
ياتالمايمەن ئورنۇمدا تېچ ئېغناپ ھەر يان، غۇلجا.
بىلمىدىم، ئايرىلىشنى قايسى تەغدىر يېزىپ قويدى،
ۋەسلىڭگە يېتىش بولدى ئوتتۇز يىللاپ ئارمان، غۇلجا.
قوينۇڭدا بەخت قۇچۇش نەسىپ بولماي ئولۇپ كەتسەم،
نەسلىم يايراپ كۈلسە بەس، مەڭگۈ بول ئامان، غۇلجا.

## كىم تىڭشايدۇ دەردىمنـى

(مـۇخـەممەس)

كىم بىلەر، سەن بىلمىسەڭ ئاھ، مېنىڭ ۋۇرەك دەرزىمنى،
كىمگە ئېيتاي، تىڭشىمساڭ سەن، قىسمىتىم—ئەرزىمنى.
ساڭا تىكتىمغۇ ھېمىشەم پۈتكۈل دىققەت—ئەزىرىمنى،
ئوتەپ كەلدىم مەن ھامانە ئىنسانچىلىق پەرزىمنى،
ھەق بىلمىسە، سەن بىلمىسەڭ كىم تىڭشايدۇ دەردىمنى!
پەلەك ئەتۇر چورۇپ چەرخىن توپا چاچار كوزۇمگە،
قۇلاق سالار بەندە يوقتۇر كويۇپ ئېيتقان سوزۇمگە.
ئېيتقىن دوستۇم بويۇن سوزۇپ ۋۇرەمدۇق «توك ئۇزۇمگە»،
تەغدىرىمىز، بەختىمىزنى باغلاپ ھەر خىل تۇزۇمگە،
ھەق بىلمىسە، سەن بىلمىسەڭ، كىم تىڭشايدۇ دەردىمنى!
قانچە يىللار ھىجران ئوتى تېنىمىزنى كۈل قىلدى،
سېغىنىشتىن كوزلەردە ياش، ياقىمىزنى ھول قىلدى.
ھوقۇش سايراپ بېغىمىزدا، گۇلىستاننى چول قىلدى،
ياتلار ئەتۇر سوقۇپ چوتنى، ئېگىدارنى قۇل قىلدى،
ھەق بىلمىسە، سەن بىلمىسەڭ كىم تىڭشايدۇ دەردىمنى!
ئەي بىرادەر، باق جاھانغا، سوزۇلۇپ ئارتتا قالما،
مۇپتىلا بوپ بېخوتلۇقتا جاننى ئازاپقا سالما،
جاپا تارتماي، ھالاۋەت يوق نىشاندىن ھەرگىز يانما،
«ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا» ئۇشبۇ سوزدىن ھېچ تانما،
ھەق بىلمىسە، سەن بىلمىسەڭ، كىم تىڭشايدۇ دەردىمنى.!

شۈكرى ئابدۇللا

## خانتەڭرى خىتابى

پارتلاپ كېتەي دەيدۇ ئەينەلاۋا بولۇپ،
تېكىلخان تاغلىرىنىڭ قات—قاتلىرى.
نىداسى بار ئالەمنى تىترەتمەكتە،
ئۇيغۇرنىڭ مۇڭ—پۇغانى، ۋاي—داتلىرى.

بۇندا، بۇزۇلمەتكە قويسۇن دەپ چەك،
ياڭرايدۇ خانتەڭرىنىڭ خىتاپلىرى.
ياسىمىن جادىگەرگە يول قويمىسۇن
مىڭ ئوينىڭ ئېگىلىرى—پەرھاتلىرى.

ئاھ، ئارتۇق بولغانمىسۇن تەكلىماكان،
ئەكسىگە كەلسۇن تارىم تاشقىنلىرى.

چىن كۈرەش ئۇتلىرىنى لاۋۇلداتسۇن،
بارىندا ئۇچقان ئەرك لاچىنلىرى.

ياتلار ئاياق—ئاستى قىلغان گۈلباغلارنىڭ،
تىكلەنسۇن زىبا، گۈزەل قامەتلىرى.
ئىلنى بوران بولۇپ ئوركەشلەتسۇن،
ئىسيانكار سادىر پالۋان ئەۋلاتلىرى.

چوڭ غازات قايىنىمدا تاپسۇن مۇرات،
غېنىنىڭ چالا قالغان ئارمانلىرى،
ئاتتى دەپ بار ئالەمگە جاكالانسۇن،
ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈ ئەركىن، ھۆرتاڭلىرى.

## ۋەتەن ۋسالى

ئانامدىنغۇ مەن مەڭگۈگە ئايرىلغان،
ۋەتەن، سەندىن مەڭگۈ ئايرىلغۇم كەلمەس.
قۇشتەك گويا قاناتلىرى قايرىلغان،
ئاھ، چېكىمەن، خۇشال سايرىغۇم كەلمەس.

ئايرىلسامىمۇ ۋەتەن، سەندىن بۇ كۈنلەر،
پانا تاپتىم، ھەرگىز يۇرتسىز قالمىدىم.
ۋسالىڭنى كىنەپ ئامما كۈن—تۈنلەر،
ئۈمۈت قىلدىم، جىم ياتمىدىم، تالمىدىم.

ۋەتەن سېنىڭ ئازاتلىغىڭ كۈتىمەن،
يات دۈشمەننىڭ بەرباتلىغىن كۈتىمەن.
ئوچمەس مېھىر—مۇھەببىتىڭ قەلبىمدە،
يۇرت قوينىدا جان بەرسەم دەپ ئوتىمەن..

### زامانىنى تارقىلما

ئېقىدە منى ئەي، پەلەك، بېكار قىلما،
پاك ئىنسانغا بۇ زامانىنى تارقىلما.
ئىزگۈ تىلەك بىلەن شۇنداق ياشايمەن،
دوستلىرىمنى دۈشمەنلەرگە خار قىلما.

ئېغىر ئوتمۇش ئەسلا يېنىپ كەلمىسۇن،
ياخشىلارغا يامان كوزلەر تەگمىسۇن.
ئەجدادىمىز ياتلارغا باش ئەگمىگەن،
ئەۋلادىمىز ئەسلا بېشىن ئەگمىسۇن.

### ئۇنتۇمىدۇم ئانا

ئانا سېنى ئۇنتۇمايمەن ھېچ قاچان،
ھايات بولسام، سەن قەلبىمدە ياشايسەن.
بۈگۈن ئاتا بولسامۇ مەن بىراقتا،
ساڭا بالا،
سەن يولۇمنى باشلايسەن.

مېنىڭ ئانام، سەن ھەممىدىن مېھرىۋان،
تۇمانلىق بۇدۇنيا—ھوسنۇڭ ئالدىدا،
گۈزەللىگىڭ كوزدىن كەتمەس ھېچ قاچان،
ساقلىنىدۇ مەڭگۈ ئوغلۇڭ يادىدا.

روھىڭ يولەك، مەدەت بولۇپ بالاڭغا،
ھاياتنى نۇرغا پۇركەر ئانىجان!
ئىلاھى كۈچ كورۇنسەن ئېھ، ماڭا،
سەجدە قىلىپ، باش ئېگىمەن مەن ھامان.

يولداش قادىر.

